دۆلەتلىك «11 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

## ھېكايىلەر قىسمى


تۈزگۈچىلەر: ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار

رەسىمنى سىزغۇچىلار: لى چۇەنخۇا، جۇ چۇنگېن قاتارلىقلار


3–4 ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن

ئەڭ يېڭى نۇسخا

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى


مىللەتلەر نەشرىياتى




ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

ئەڭ يېڭى نۇسخا

3 ـ 4 ياش

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى



.................................

## هېكايە قىسمى

**图书在版编目（CIP）数据**

半小时妈妈．3~4岁．故事篇：维吾尔文/王芳等编；
海力古丽·衣不拉音译．—北京：民族出版社，2008.7
（托起明天的太阳．民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-09499-8

Ⅰ．半… Ⅱ．①王…②海…Ⅲ．故事课—学前教育—教
学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．G613

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第108959号

本书根据浙江少年儿童出版社2006年6
月第4版第36次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېجياڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ
2006 - يىلى 6 - ئايدىكى 4 - نەشرى 36 -
باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
制　　作：伊萨克江·伊布拉英

تەرجىمە قىلغۇچى: خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: خالمۇرات ئىمىن
بەتچىك : ئىسھاقجان ئىبراھىم

出版发行：民族出版社出版发行
http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010_64290862（维文室）邮编：100013
印　　刷：民族印刷厂印刷
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24
印　　张：2.917
版　　次：2008年7月第1版　2008年7月北京第1次印刷
印　　数：0001— 3000册
定　　价：8.00元
ISBN 978-7-105-09499-8/G.1699　（维400）

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010_64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2008-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 24 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 2.917　سانى: 3000 — 0001
باھاسى: 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

تاشپاقىنىڭ پىرقىرىغۇچى ........ 2
ئازراقمۇ سوغۇق ئەمەس ........ 10
خورازنىڭ سايىسى ........ 14
تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى ........ 20
دەرەخ كامىرىدىكى گۈل ........ 24
بۆرە كەلدى ........ 30
ئايال ئىلاھنىڭ ئاسماننى يامىشى ........ 37
توپ تېپىش ........ 42
مايمۇننىڭ چىغ قالپاق توقۇشى ........ 46
مېنىڭ تەقى - تۇرقىم زادى قانداق؟ ........ 51
ئۈچ قىز ........ 55
ماختانچاق قاغا ........ 63

# تاشپاقىنىڭ پىرقىرىغۇچى

1. تىيىن دەرەخ تۈۋىدە پىرقىرىغۇچ ياساۋاتقاندا تاشپاقا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.





2.تيين تاشپاقغا بر تال پرقرىغۇچ سوۋغا
قلدى، براق تاشپاقا بەك ئاستا ئۆملگەچكە
پرقرىغۇچ پرقرمدى.

www.uyghurkitap.com

3. بۆجەن تاشپاقىغا: ”تاشپاقا، سەن مەن بىلەن بىللە يۈگۈرە، پىرقىرىغۇچ شۇندىلا پىرقىرايدۇ“ دېدى.



www.uyghurkitap.com

4. بۆجـەن ئۆچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، تاشپاقا بارا-بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان توشقاننىڭ كەينىدىن قاراپ پىرقىرىغۇچنى تۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ قانداق قىلسا تېز يۈگۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.



5. تاشپاقا ناھايىتى بىئارام بولدى، ئۇ پىرقىرىغۇچنى تېپىنغا قايتۇرۇپ بېرىپ: ”مەن بەك ئاستا يۈگۈرگەچكە. پىرقىرىغۇچ پىرقىرمايدىكەن“ دېدى.



6. تىيىن بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تاشپاقىنى دەريا بويىغا باشلاپ كەلدى.



www.uyghurkitap.com



7. تاشپاقا دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۈچقاندەك
ئۈزۈشكە باشلىدى. ۋاھ! پىرقىرىغۇچ ناھايىتى تېز
پىرقىراشقا باشلىدى، نېمە دېگەن ياخشى ھە !

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



8. تيىن باشقا دوستلىرىغىمۇ بىردىن پىرقىرىغۇچ سوۋغا قىلدى، ۋاي-ۋۇي... ئاسماندىمۇ، يەردىمۇ، سۇدىمۇ ھەممىلا يەردە پىرقىرىغۇچ غۇيۇلداپ پىرقىراپ كەتتى.



### ئەسكەرتىش

تاشپاقىنىڭ پىرقىرىغۇچى پىرقىرىمىغاندا ئۇ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ سۇدا ناھايىتى تېز ئۈزەلەيدىغانلىقىدەك ئارتۇقچىلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. تاشپاقىنىڭ پىرقىرىغۇچىنىڭ سۇ يۈزىدە پىرقىراشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەندە بىز ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.



# ئازراقمۇ سوغۇق ئەمەس

1. قار ياغدى، كۈچۈك هويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ: ”ئاسلان ئاداش، بۇياققا چىقە! قار بوۋاي ياسايمىز!“ دەپتۇ. ئاسلان: ”تالا بەك سوغۇق، مەن چىقمايمەن!“ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

2. كۆچۈك يەنە: "ئاسلان ئاداش، تېز بوياقتا چىقە! مۆكۈشمەك ئوينايمىز!" دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاسلان يەنىلا: "تالا بەك سوغۇق، مەن چىقمايمەن!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.





3. كۆچـۈك بىـردەم ئويلانغاندىن كېيـىن ئۆيىدىن بىر تال بېلىقنى ئېلىپ چىقىپ: "مەندە بىر تال چوڭ بېلىق بار، يەمسەن، يېمەمسەن" دەپتۇ.



4. ئاسلاننىڭ بېلىقنى يېگۈسى كېلىپ كۈچۈكنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئىككىسى يۈگۈرۈپ ھويلىنى نەچچە ئايلىنىپتۇ.

5. ئەمدى ئاسلان ئازراقمۇ توڭلىماپتۇ. ئۇ كۆچۈك سوزغان بېلىقنى يەپ بولۇپ يەنە كۆچۈك بىلەن بىللە قار بوۋاي ياساپتۇ.



**ئەسكەرتىش**

قىش كۈنلىرى بەكمۇ سوغۇق، تەنھەرىكەت بەدەننى قىزىتىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئانا بالىنى ئېلىپ سىرتلارغا چىقىپ يۈگۈرۈپ، بالىنى كۆپرەك ھەرىكەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# خورازنىڭ سايىسى



1. سەھەردىكى قۇياش نۇرى ئاستىدا خوراز خۇشال-خۇرام ھالدا "قۇ، قۇ، قۇق" دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com





2. ۋۆي! بۇ يەردە ئۆزۈن بىر سايە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ كىمنىڭ سايىسىدۇ؟



3. خوراز بېشىنى سوزسا سايىمۇ تەگلا بېشىنى سوزۇپتۇ؛ پۇتىنى كۆتۈرسە سايىمۇ تەگلا پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ. ھە، ئەسلىدە ئۇ خورازنىڭ سايىسىكەن ئەمەسمۇ!



4. ”مېنىڭ بويۇم ئۆسـۈپتۇ!“ خوراز ۋارقىرىغان پېتى ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. خوراز بۇ خۇشخەۋەرنى ئانىسىغا يەتكۈزمەكچى بوپتۇ.


www.uyghurkitap.com

5. ئاپلا! ئانام ئۆيدە يوقكەن ئەمەسمۇ!

6. ،خوراز ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ،
ساقلاپ چۈشمۈ بولۇپ قاپتۇ.



7. ئانىسى قايتىپ كەپتۇ. خوراز ئالدىراپ ئانىسىنى
تارتىپ ئۆزىنىڭ سايىسىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ.



**8. ۋۇي! سايەم نېمىشقا بۇنداق كىچىكلەپ قالغاندۇ؟**



ئەسكەرتىش

سايىنىڭ ئۇزىراش-قىسقىراش سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىغا نىسبەتەن ناھايىتى قىيىن مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئانا ھېكايىگە باغلاشتۇرۇپ ئاستا-ئاستا، بالىنى دالىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ سايىسىنىڭ ئۇزىراش-قىسقىراش ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكۈزۈپ، بالىنىڭ تونۇشتىكى پەننىي ساۋاتلىقىغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرسا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# تۈلكىنى كۆرەگلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى



1. يولۋاس بىر كۈنى ئورمانلىقتىن بىر تۈلكىنى تۇتۇۋاپتۇ.

2. ھىيلىگەر تۈلكە: ”مەن بولسام تەڭرى ئەۋەتكەن ھايۋانات شاھى بولىمەن. سەن مېنى يېسەڭ بولمايدۇ“ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



3. يولۋاس بۇ كىچىككىنە تۈلكىنىڭ ھايۋانات شاھى بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەپتۇ. تۈلكە: "ئەگەر ئىشەنمىسەڭ مەن بىلەن بىللە ئورمانلىقنى بىر ئايلىنىپ چىققىن، ھايۋانلار مەندىن قورقامدۇ- يوق؟ كۆرۈسەن!" دەپتۇ.

4. يولۋاس ئۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. تۈلكە ئالدىدا مېڭىپتۇ، يولۋاس ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

5. ئۇلار كېتىۋاتسا، ئورمانلىقتىكى ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسى قورققىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

6. تۈلكە كۆرەڭلىگەن ھالدا يولۋاسقا ماختىنىپ: ”قارا، كىم مەندىن قورقمايدىكەن؟“ دەپتۇ. يولۋاس: ”سىنىڭ ھەيۋەڭ ھەقىقەتەن قالتىسكەن، ئۇلار سىنى كۆرۈپلا قورقۇپ قاچىدىكەن“ دەپتۇ.



**ئەسكەرتىش**

بۇ تۇراقلىق ئىبارە باشقىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگىنى بوزەك قىلىدىغان، ھەيۋە قىلىدىغان كىشىلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ.

# دەرەخ كامىرىدىكى گۈل

1. تىيىننىڭ ئۆيى قويۇق قارىغايزارلىقتىكى بىر تۈپ ئېگىز قارىغاينىڭ ئۈستىدە ئىكەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

2. تىيىننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئويۇنماقچى بولۇپتۇ. بىراق ئاسان ئەمەسكەن! توشقان: ”تىيىن ئاداش سىنىڭ ئۆيىڭنى تاپماق بەك تەس ئىكەن“ دەپتۇ. مايمۇن: ”شۇنداق بۇ يەردە دەرەخلەر بەك كۆپكەن“ دەپتۇ. ئالا كۈچۈك: ”تووۋلاۋېرىپ كانىيىممۇ يىرتىلىپ كېتىۋاتىدى“ دەپتۇ.





3. تيىــن ئىنتايىن ياخشــى بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپتۇ: ”ئىشــكىنىڭ ئالدىغا گۈل تېرىپ قويســام، دوستلىرىم مېنى ئاسانلا تاپالايدۇ ئەمەسمۇ!“



4. شۇنىڭ بىلەن تىيىن گۈل ئۇرۇقىنى توپلاپ، شەبنەم تامچىسى يىغىپ ئاخىر گۈل ئۇرۇقلىرىنى ئىشىكىنىڭ ئالدىغا تېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

5. گۈل ئۇرۇقلىرى ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىخلاشقا باشلاپتۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپتۇ. تىيىن بۇرادەرلىرىگە: ”گۈللەر ئېچىلغان ئاشۇ كامار مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ“ دەپتۇ.



6. بۇ قېتىم كىچىك بۇرادەرلەر يىراقتىنلا تىيىننىڭ ئۆيىنى كۆرۈپتۇ. "ھەي!" تىيىن گۇللۇك ئارىسىدىن ئۇلارغا قول پۇلاڭلىتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# بۆرە كەلدى

1. بىر كۈنى بۆجەن ئورمانلىققا قوزىقارنى (موگۇ) تەرگىلى بېرىپتۇ. ئۇ يەردە قوزىقارنى ناھايىتى كۆپ ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

2. بۇ ۋاقىتتا بۆرە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ: "ۋاھ! قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كېتىۋاتاتتى، مەززىلىك توشقان گۆشى يەيدىغان بولدۇم" دەپتۇ.

3. بۆجەن قورقىنىدىن دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ.



بۆجەن يۈگۈرگىنچە دەريا بويىغا كېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا: "پىل تاغا مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!" دەپ ۋارقىراپتۇ.

5. پىل ئۇزۇن خارتۇمىنى سوزۇپ: "تېزدىن خارتۇمۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىۋال!" دەپتۇ.

6. بۆجەن پىلنىڭ خارتۇمىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىۋاپتۇ. پىل: ”قورقما، مەن بار!“ دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



7. بۆرە قوغلاپ كېلىپ پىلغا: ”ھەي، ئۇزۇن بۇرۇن! مەن بۇ ئېقىندىن ئۆتمەكچى“ دەپ توۋلاپتۇ.

8. پىل ئۇنىڭغا: ”ئۇنداق بولسا سەن خارتۇمۇمغا سەكرەپ چىقۋال!“ دەپتۇ.

9. بۆره پىلنىڭ خارتۇمىغا سەكرەپ چىقىشىغا،
پىل خارتۇمى بىلەن ئۇنى چىڭ يۆگىۋاپتۇ.



www.uyghurkitap.com



10. پولتۇك! پىل بۆرىنى سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ.



# ئاياл ئىلاھنىڭ ئاسماننى يامىشى

1. بىر يىلى ئالەمدە تۇيۇقسىز پارتلاش يۈز بېرىپتۇ. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئاسماندا يوغان تۆشۈكچىلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

2. ئورمانلىقتا ئوت ئاپەتى يۈز بېرىپ، كەلكۈن يامراپتۇ. ھەرخىل زەھەرلىك ئۇچار قۇشلار، ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


3. ئايال ئۇلاھ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، ئاسماننى ياماش قارارىغا كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريادىن نۇرغۇنلىغان رەڭلىك تاشلارنى تېرىپ كېلىپتۇ.
4. ئاندىن ئۇ گۈلخان يېقىپ، بۇ رەڭدار تاشلارنى قاينىتىپ شىلىمغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5. ئايال ئىلاھ رەڭلىك تاشتىن ياسالغان شىلىم بىلەن ئاسماندىكى تۆشۈكلەرنى بىر بىرلەپ ياماپتۇ.


6. ئايال ئىلاھ ئاسمانىنىڭ يەنە
ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ،
بىر يوغان تاشپاقىنى تۇتۇپ كېلىپ،
ئۇنىڭ تۆت پۇتى بىلەن ئاسماننى
تىرەپ قويۇپتۇ.
7. ئايال ئىلاھ يەنە
ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ
كۈلگە ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭ
بىلەن كەلكۈننى توسۇپتۇ.



8. ئايــال ئىلاھ ئاخىرى ئاپەتنى بېســقتۇرۇپتۇ،
يەر-زېمىن يەنە هاياتىي كۆچكە تولۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توپ تېپش



1. بر پاقا دەريا بويدا ئويناۋېتپ كچك بر ”توپ“نى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ پۇتى بلەن ”توپ“نى برلا تېپپ، كچك بر ئورەككە كرگۈزۈۋېتپتۇ.

2. پاقا بېرپ قاراپتكەن هېلقى ”كچك توپ“ بېشنى چقرپتۇ. ئۇ ئەسلدە بر قۇلۇلە ئكەن. قۇلۇلە ”پاقجان، مېنى ئۆيۈمگە ئەكلپ قويغننگغا رەھمەت!“ دەپتۇ.



3. توشقان ئوتلاقتا سەكرەپ ئويناۋېتىپ بىر "توپ"نى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ "توپ"نى بىر تېپىپلا دەرياغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

4. توشقان كېلىپ قاراپتىكەن ئۇ "توپ" بېشىنى چىقىرىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ بىر تاشپاقا ئىكەن. تاشپاقا: "توشقان، مېنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويغىنىڭغا رەھمەت!" دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



5. بىر ئېيىق تاغدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ كېتىۋېتىپ بىر "توپ"نى كۆرۈپتۇ. ئۇ توپنى بىر تېپىپلا تاغ قاپتىلىغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

6. ئېيىق يىقىن كېلىپ قاراپتىكەن
ھېلىقى ”توپ“ بېشىنى چىقىرىپتۇ.
ئەسلىدە ئۇ بىر كىرپە ئىكەن. كىرپە:
”ئېيىق مىنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ
قويغىنىڭغا رەھمەت!“ دەپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

ئانا ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن
كېيىن بالىدىن: ”پاقا تېپىپ ئورەككە
كىرگۈزىۋەتكەن نەرسە نېمە؟ توشقان تېپىپ
دەرياغا چۈشۈرۈۋەتكەن نەرسە نېمە؟ ئېيىق
تېپىپ تاغ قاپتىلىغا ئاپىرىۋەتكەن نەرسچۇ؟
قۇلۇلە، تاشپاقا، كىرپىلەرنى تېپىپ ئورەككە
كىرگۈزىۋەتسە، دەرياغا چۈشۈرىۋەتسە،
تاغ قاپتىلىغا ئاپىرىۋەتسە ئەكسىچە ئۇلار
نېمىشقا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ؟“ دېگەندەك
سوئاللارنى سوراپ باقسا بولىدۇ.



# مايمۇننىڭ چىغ قالپاق توقۇشى



1. مايمۇن ئېيىق، قوزا ۋە ئاسلان قاتارلىق دوستلىرى بىلەن ئوتلاقتا ئويناپتۇ، لېكىن قۇياش نۇرى ئۇلارنى بەكمۇ قىزىتىۋېتىپتۇ.





2. مايمۇن: ”مەن دوستلىرىمنىڭ ھەربىرىگە بىردىن چىغ قالپاق ياساپ بېرەي، ئېيىق ئادىشىم بەك سېمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېگىز، ئۇچلۇق قىلىپ ياساي“ دەپ ئويلاپتۇ.

3. ”قوزىچاق قاردەك ئاپئاق، ئۇنىڭغا رەڭگارەڭ قىلىپ ياساپ بەرسەم بولغۇدەك.“

4. ”ئاسلانچاق بەك ئوماق، ئۇنىڭ قالپىقىغا ئىككى تال قىزىل لېنتا چىگىپ قويسام بولغۇدەك.“

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



5. مايمۇن ناهايىتى چىرايلىق قىلىپ ئۈچ چىغ قالپاقنى ياساپ دوستلىرىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

6. مايمۇن كىچىكنىڭ چوڭ قالپاقنى بەكمۇ ياقتۇرغانلىقنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. براق ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلاپ كۆرۈپتىكەن. ۋوي! ئۆزىگە قالپاق ياساشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ!





www.uyghurkitap.com



7. ئېيىق: ”مايمۇن ئاداش ئالدىرىما، بىز ساڭا قالپاق ياساپ بېرەيلى!“ دەپتۇ. ئېيىق، ئاسلان ۋە قوزىلار بىرلىكتە ياۋا گۈللەردىن چىرايلىق گۈل چەمبىرىكى ياساپتۇ.

8. شۇنداق قىلىپ مايمۇن ئەڭ چىرايلىق ياۋا گۈل قالپىقىغا ئېرىشىپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندە، بالىدىن قەدەممۇ قەدەم بىر سوئال سوراپ، بالىنى ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى ئەستە تۇتۇشقا يېتەكلەش لازىم. مەسىلەن: مايمۇن ”دوستلىرىغا نېمە بەردى؟“، ”دوستلىرى مايمۇنغا نېمە قىلىپ بەردى؟“، ”مايمۇن ئېيىققا ياساپ بەرگەن قالپاق قانداق شەكىلدە؟“ قاتارلىقلار.

# مېنىڭ تەقى - تۇرقىم زادى قانداق؟

1. بىر ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ باغرىدا سۈيى سۈپسۈزۈك دەريا بار ئىكەن، كىچىك تاغ ئۆزىنىڭ تۇرقىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىكەن.

2. بىر پارچە ئاپئاق بۇلۇت ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. تاغ ئۇنىڭدىن: "ھەي ئاق بۇلۇت! مېنىڭ تەقى - تۇرقىم زادى قانداق؟" دەپ سوراپتۇ. ئاق بۇلۇت گەپ - سۆزسىز ئاستا ئۇچۇپ كېتىپ قاپتۇ. كىچىك تاغ بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



3. كەچ كىرىپ ئاي چىقىپتۇ، تاغ ئايدىن:
"ئاي، سەن دەپ باقە! مېنىڭ تۇرقىم قانداق؟"
دەپ سوراپتۇ. ئاي گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇنىڭغا
قاراپ جىممىدە تۇرۇپتۇ.



3. كىچىك تاغ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ. دەريا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئاستا نوقۇپ: "تاغ، سەن بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ ماڭا قاراپ باقساڭلا ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ تۇرقىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالالايسەن" دەپتۇ.

4. سەھەردە بىر قۇش كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ. كىچىك تاغ قۇشنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن: "ھەي، قۇش! سەن دەپ باقە! مېنىڭ تۇرقىم قانداق؟" دەپ سوراپتۇ. تاغنىڭ قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن قۇش "چىر" قىلىپ چىرقىراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



6. ”شۇنداقمۇ؟“ تاغ بېشنى تۆۋەن قلىپ دەرياغا قاراپتكەن. ۋاھ! بر گۈزەل كۆلەڭگنى كۆرۈپتۇ. تاغنڭ ھەممە يېرىدە دەرەخلەر، دەرەخلەرنڭ ئارسدا ئۆسكەن ياپيېشل چۆپلەر، چۆپلەر ئارسدكى چرايلق ياۋا گۈللەر...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچ قىز

1. بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل ئانا بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ قىزىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىدىكەن.



2. بۇ ئۈچ قىز بارا ـ بارا چوڭ بولۇپ بىر ـ بىرلەپ ياتلىق بولۇپ كېتىپتۇ.



3. كېيىن بۇ ئانا قېرىپ، ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى قالماپتۇ.



4. ئانا بىر تىيىننى قىزىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



5. تيىن بۇ ئانىنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. چوڭ قىزى تيىنغا: "ئانامنى بەكمۇ كۆرۈپ كەلگۈم بار، ئەمما مەن ئاۋۋال بۇ ئىككى داسنى يۇيۇۋېتىشىم كېرەك" دەپتۇ.

6. تيىن ئاچچىقلانغان هالدا: "سەن ئاشۇ داسلار بىلەن مەڭگۇ بىرگە ئۆتكىن!" دەپتۇ. شۇ زامان داسلار سەكرەپ، بىرسى ئۇ قىزنىڭ كۆكرىكىگە يەنە بىرسى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قېلىپ، ئۇ قىز يوغان بىر تاشپاقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ!





www.uyghurkitap.com

7. تيين يەنە ئانىنىڭ ئىككىنچى قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ئىككىنچى قىزى: ”ئانامنى بەكمۇ يوقلىغۇم بار ئىدى، بىراق مەن ئاۋۋال بۇ رەختنى توقۇپ سېتىشىم كېرەك“ دەپتۇ.





8. تيين ئاچچىقلىنىپ: ”ئۇنداقتا سەن مەڭگۇ توختىماستىن توقۇۋەرگىن!“ دەپتۇ. ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا مومايىنىڭ ئىككىنچى قىزى بىر ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قاپتۇ.



9. تېيىن ئەڭ ئاخىرىدا
كەنجى قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ.
قىز ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ
قالغىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق
جىددىيلىشىپتۇ.



10. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى دەرھال
توختىتىپ تېيىنغا ئەگىشىپ ئانىسىنى
يوقلىغىلى مېڭىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

11. كەنجى قىز ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپتۇ. ئانىنىڭ كېسىلى ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.



12. كەنجى قىز ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئانىسىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل دېيىشىپتۇ.



# ماختانچاق قاغا

1. تۈلكە پۈتۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمىگەچكە، قورسىقى بەكلا ئېچىپتۇ. ئۇ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: ”قانداق قىلسام بۇ قاغىنى يېيەلەرمەن؟“ دەپ ئويلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



2. تۈلكە قاغىغا قاراپ يالغاندىن ھەجىيىپ:
"قاغا خېنىم! سىز بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، يول ماڭغاندىكى قىياپىتىڭىز توزدىنمۇ چىرايلىق!" دەپتۇ.



3. قاغا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق دېيىشىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۇچۇپ چۈشۈپ تۈلكىنىڭ ئالدىدا ئېغاڭلىغىنىچە ماڭغىلى تۇرۇپتۇ.



4. تۈلكە قاغىغا كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ: ”قاغا خانقىز، سىز بەك نېپىز كىيىۋاپسىز، قىشنى قانداق ئۆتكۈزەرسىز؟“ دەپ سوراپتۇ. قاغا: ”ھېچقىسى يوق، ھاۋا سوغۇق بولسا مەن بېشىمنى قانىتىمنىڭ ئاستىغا تىقىۋالىمەن“ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

5. تۈلكە يەنە: ”سىز بەك ئەقىللىق ئىكەنسىز! بىراق باشىنى قانداق قىلىپ قاناتىنىڭ ئاستىغا تىقىۋالغىلى بولىدۇ؟“ دەپ سوراپتۇ.





6. قاغا بۇ تاتلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ: ”مەن ساڭا كۆرسىتىپ قوياي“ دەپتۇ ھەمدە بېشىنى قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىپتۇ.



7. تۈلكە: "بەك ياخشى بولدى" دېگىنچە ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

翻译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
美术编辑：万俭
装帧设计：万俭　徐洁
民文封面设计：金晔

دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەۋسىيە قىلغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئوقۇشلۇقى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا



ئەقىل - پاراسەت قىسمى

ھېكايىلەر قىسمى

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

ISBN 978-7-105-09499-8
9 787105 094998 >
定价:8.00元